# 112902 ـ شىركەتتە ھەر خىل ھۆججەت ۋە پوسۇلكىلارنى توشۇش خىزمىتىنى قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

---

### سۇئال

مەن ئون يەتتە (17) يىلدىن بېرى رىبا بانكىسىدا خىزمەت قىلىۋاتىمەن، ئاللاھ تائالا مېنى رىبادىن يىراق بولۇشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن، مەن شەخسەن ھاياتىمدىكى ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدىم، لېكىن بۇ كۆنلەردە ھالال خىزمەت تېپىش بەك قىيىن، ئىككى يېرىم (2.5) يىلدىن بىرى خىزمەت تاپالمىدىم، ئائىلەمدە بەش كىشى بار، ھازىر مەن خەلقئارالىق ھەر خىل ھۆججەت ۋە پوسۇلكىلارنى توشۇش شىركىتىنىڭ: "خېرىدارلارنىڭ مەسىلىسى ۋە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش" بۆلۈمىدە خىزمەت قىلسام قانداق بولار؟ بۇ شىركەت مەن تۇرىۋاتقان مۇشۇ شەھەر دائىرىسىنىڭ ئىچىدە ھاراق يۆتكەشنى تولۇق چەكلەيدىكەن، لېكىن بىر كىشى باشقا شەھەرلەرگە شېشىلىك ھاراقلارنى يۆتكەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، شىركەت ئۇ كىشى ئۆچۈن يۆتكەپ بېرىدىكەن، يەنە شىركەت چەكلەنگەن ھارام نەرسىلەرنى سىرتتىن ئېلىپ كەلگەن پوسۇلكىلارنى قوبۇل قىلىدۇ، تەبىئىيكى مېنىڭ خىزمىتىم توشۇش مەشغۇلاتى جەريانىدا خېرىدارغا يەتكۈچە تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بولىدۇ، مېنىڭ سوئالىم: بۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۆچۈن تەلەپ سۇنسام بولامدۇ؟، ياكى چېكىنىپ تۇرايمۇ؟، مېنىڭ بىلىشىمچە شىركەتنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى ھەر خىل ھۆججەت ۋە پوسۇلكىلارنى باشقا ئورۇنلارغا توشۇشتىن ئىبارەت؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەر خىل ھۆججەت ۋە پوسۇلكىلارنى توشۇش شىركىتىدە خىزمەت قىلىش ئەسلىدە دۇرۇس خىزمەت، ئەگەر بۇ شىركەت رىبا بانكىلىرىنىڭ چەك ـ ھۆججەتلىرىنى يۆتكەش، ھاراق مەھسۇلاتلىرىنى يۆتكەش، تۈرلۈك كىنو ـ پىلىملەرنى يۆتكەش، مۇزىكا ـ چالغۇلارنى يۆتكەش دېگەندەك چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇ شىركەتتە خىزمەت قىلىش ھارام بولىدۇ، ئەگەر ھارام بىلەن ھالال ئارىلىشىپ كەتكەندە ھارام ئىشلارنى بىۋاستە قىلىشتىن يىراق بولۇش بىلەن بىرگە ھۆكۈم قايسى كۆپ بولسا شۇنىڭغا بېرىلىدۇ.

ئۇ كىشىگە: سىزنىڭ خىزمىتىڭىز شىركەتتە يۇقىرىدا بايان قىلغان تۈرلۈك ھۆججەت، پوسۇلكىلارنى قوبۇل قىلىش ۋە يەتكۈزۈپ بېرىش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ھەل قىلىش بولسا، ئۇنىڭ ئارىسىدا ھارام ئىشلار بولسا، خىزمەت قىلىشنى تەلەپ

قىلماڭ، ئەگەر قىلىدىغان خىزمەت شەرتكە ئاساسەن بولىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا شىركەتتە خىزمەت قىلىشىڭىز توغرا بولىدۇ، لېكىن بۇ خىزمەت جەريانىدا ھاراقنى يۆتكەش، كەلگەننى تاپشۇرۇپ ئېلىش، تورلۇك مۇزىكا، پىلىملەرنى يۆتكەش ۋە تاپشۇرۇپ ئېلىش رىبا ۋە سۇغۇرتا چەكلىرىنى يۆتكەش ۋە تاپشۇرۇپ ئېلىش ئىشلاردا ۋە بۇ شىركەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر قانداق ھارام دائىرىسىدىكى نەرسىلەرنى يۆتكەش ۋە تاپشۇرۇپ ئېلىشتا سىزنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىڭىز بولىدۇ. شۇنىڭغا كۆرە گۇناھكار بولىسىز.

ھاراق قاتارلىق ھارام نەرسىلەرنى يۆتكەش ۋە تاپشۇرۇپ ئېلىش ھەقىقەتەن گۇناھ ۋە بۇزغۇنچىلىققا ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرىدۇ، بۇنى قىلغان كىشىمۇ سەھىھ ھەدىستە بايان قىلىنغان لەنەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. شەكسىزكى، بۇ ھارام ئىش ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ھارام نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىدىن: بىر كىشى ھاراق زاۋۇتى ياكى ھاراق ئامبىرى ياكى ھاراق دۇكىنى ياكى ھاراق سېتىش ۋە تارقىتىش ئورنىدىن باشقا ئورۇندا قىلىدىغان خىزمەت تاپالمىدى، ئۇ كىشىنىڭ بۇ شەكىلدە كەسىپ قىلغان پۇلىنىڭ ۋە بۇنى ئائىلىسىگە خىراجەت قىلىپ بېرىشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاپ بەرگەن:

"مۇسۇلماننىڭ ھاراق زاۋۇتىدا ياكى ھاراق ئامبىرىدا ياكى ھاراققا ئالاقىدار بولغان ھەرقانداق بىر ئورۇندا خىزمەت قىلىشى توغرا بولمايدۇ، بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان نەرسە ھارام بولىدۇ، بۇ كىشى ھالال كەسىپ قىلىش ئۈچۈن باشقا خىزمەت ئىزدىشى لازىم. شۇنداقلا ئىلگىرىكى قىلمىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ تەرجىمىسى: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق» [سۈرە مائىدە 2-ئايەت].

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھاراققا، ئىچكۈچىگە، قۇيۇپ بەرگۈچىگە، سىققۇچىغا، سىقتۇرغۇچىغا، كۆتۈرگۈچىگە، كۆتەرتكۈچىگە، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا ۋە پۇلىنى ئىستىمال قىلغۇچىغا لەنەت قىلغان» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

شەيخ ئابدۇلئەزىز بىن باز، شەيخ ئابدۇرەززاق ئەپىيپى. شەيخ ئابدۇللاھ بىن غۇدەييان، شەيخ ئابدۇللاھ بىن قەئۇد. "دائىمي كومىتېتى پەتىۋاسى" 14-توم 411-بەت.

بۇ ھۆكۈمدە يۆتكەپ ئاپىرىپ بېرىلىدىغان تەرەپ كاپىر بولسۇن مۇسۇلمان بولسۇن ھېچ پەرق يوق.

ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىدىن: بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلاردىن ھارام ئىچىملىكلەرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىكەن، بۇنى تەلەپ قىلغۇچى كاپىر بولسىمۇ ئەكىلىپ بېرىش ھارام بولامدۇ ياكى ھارام بولمامدۇ؟ دەپ

سورالغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "مۇسۇلمانىنىڭ هاراق ئىچىدىغان كىشىگە هاراق ئەكىلىپ بېرىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هاراقنى كۆتۈرگەن ۋە كۆتەرتكەن كىشىگە لەنەت قىلغان، چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالا چەكلىگەن گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە دۈشمەنلىككە ياردەم بېرىش هېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ تەرجىمىسى: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى هەقىقەتەن قاتتىق» [سۈرە مائىدە 2-ئايەت].

پەتىۋادا: شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن باز، شەيخ ئابدۇللاھ بىن غۇدەييان، شەيخ سالىھ ئەلپەۋزان، شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئال شەيخ ۋە بەكرى ئەبۇ زەيد قاتارلىقلار. "دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى" 22-توم 97-بەت.

سىزنى هالال خىزمەت قىلىپ، هارامدىن يىراق بولۇشقا تەۋسىيە قىلىمىز، بىزنىڭ قارشىمىزچە سىزنىڭ ئۇ شىركەتتە هارامدىن يىراق بولۇشىڭىز بەك قىيىن ئىكەن، ئاللاھ تائالادىن ئۆز پەزلى، مەرهەمىتى بىلەن سىزنى ياخشى بىر خىزمەت بىلەن ئىكرام قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مَخْرَجاً وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ * وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ إِنَّ اللَّهَ بَالِغُ أَمْرِهِ قَدْ جَعَلَ اللَّهُ لِكُلِّ شَيْءٍ قَدْراً تەرجىمىسى: «كىمكى ئاللاهدىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. كىمكى ئاللاهقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھ هەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئاللاھ هەقىقەتەن هەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى.» [سۈرە تالاق 2-3-ئايەتلەر].

سەهىھ هەدىستە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ئىشنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تەرك قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولغان بىر ئىشنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ». [بۇ هەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەهىمەهۇللاھ " مۇسۇلمان ئايالنىڭ هىجابى" ناملىق ئەسەرنىڭ 49-بەتتە سەهىھ دەپ كەلتۈرگەن].

هەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.